## 9084 ـ ھارام ۋە مەكرۇھنى بىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

مەكروھ دېگەن لەپزىدىن نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟ ھارام بىلەن مەكرۇھنىڭ ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەكروھ دېگەن لۇغەتتە: مەھبۇب-ياخشى كۆرۈنگۈچى- دېگەن سۆزنىڭ زىتىدۇر.

ئالىملارنىڭ ئىستىلاھىدا: شەرىئەت كەسكىن بولمىغان شەكىلدە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان ئىشدۇر، بۇيرۇققا بويسۇنۇپ قىلمىغان كىشىگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ، قىلغان كىشى جازالانمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمما ھارام دېگەن لۇغەتتە: چەكلەنگەن دېمەكتۇر.

ئالىملارنىڭ ئىستىلاھىدا: شەرىئەت كەسكىنلىك بىلەن قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان ئىشتۇر. ھارام دېگەن ھالالنىڭ زىتى بولۇپ، شەرىئەت چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇيرۇققا بويسۇنۇپ قىلمىغان، ھارامدىن يىراق بولغان كىشى ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئەمما ھارام ئىشنى باشقىلاردىن ھايا قىلىپ ياكى قىلىشقا كۈچى يەتمەي ياكى بىرەر قورققۇنچىدىن قىلمىغان (تەرك قىلغان) كىشىگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.